# 50547 - رامىزاندا تەراۋىھ نامىزى قاچان باشلىنىدۇ، بىرىنچى كۈنى كەچتىمۇ ياكى ئىككىنچى كۈنى كەچتىمۇ؟

## سوئال

تەراۋىھ نامىزىنى قاچان باشلايمىز؟، رامىزان كۈنىنىڭ ئاۋۋالقى كېچىسى (ئايىنى كۆرگەن ياكى شەبان ئېيىنى تولۇقلىغان) ئاخشىمى ئوقۇلامدۇ؟ ياكى رامىزاننىڭ بىرىنچى كۈنى خۇپتەن نامىزىدىن كېيىن باشلىنامدۇ؟. بۇ ھەقتە چۈشەنچە بېرىشىڭلارنى سورايمەن.

## تەپسىلى جاۋاپ

بارلىق گۈزەل ماختاشلار ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى بولغان ئاللاھ تائالاغا خاستۇر. پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا، ئۇنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرى ۋە ساھابىلىرىغا ئاللاھ تائالانىڭ رەھمەت سالاملىرى بولسۇن.

مۇسۇلمان ئۈچۈن تەراۋىھ نامىزىنى ئادا قىلىش رامىزاننىڭ بىرىنچى كېچىسى خۇپتەن نامىزىدىن كېيىن باشلىنىدۇ، بۇ تۈنجى رامىزان ئېيى كۆرۈلگەن كېچە ياكى شەبان ئېيى ئوتتۇز كۈن تولۇقلانغان كېچىدىن ئىبارەتتۇر.

شۇنىڭدەك رامىزان ئېيى ئاخىرلاشقان كۈندىمۇ ھېيت-شەۋۋالنىڭ-ئېيى كۆرۈلگەنلىكى ياكى رامىزان ئوتتۇز كۈن تولۇق بولغانلىقى ئۈچۈن تەراۋىھ نامىزى ئوقۇلمايدۇ.

بۇنىڭدىن شۇنى كۆرىۋالىمىزكى، تەراۋىھ نامىزىنىڭ رامىزاننىڭ كۈندۈزدىكى روزى بىلەن ئالاقىسى يوق، بەلكى يېڭى ئاينىڭ كىرگەنلىكىنىڭ باشلىنىشى بىلەن ئوقۇلىدۇ ۋە رامىزان ئاخىرلىشىدىغان كۈنىنىڭ كېچىسى ئوقۇلىدۇ.

تەراۋىھ مۇتلەق نەپلە ناماز بولغانلىقى ئۈچۈن ئۇنى قايسى كېچىسى قانداق شەكىلدە جامائەت بولۇپ ئوقۇسا بولىدۇ دېيىش توغرا بولمايدۇ، چۈنكى تەراۋىھ نامىزى رامىزان ئېيىدا ئوقۇلىدىغان ناماز بولۇپ، مۇسۇلمانلار تەراۋىھ نامىزىنى رامىزاندا قىيامدا تۇرغانلىق ئۈچۈن بېرىلىدىغان ئەجىر-ساۋابنى مەقسەت قىلىپئوقۇيدۇ. رامىزاندا تەراۋىھ نامىزىنى جامائەت بولۇپ ئوقۇشنىڭ ھۆكمى باشقا ۋاقىتتا جامائەت بولۇپ ئوقۇغانغا ئوخشمايدۇ. تەراۋىھ نامىزىنى رامىزاندا ھەر كېچىسى ئىبادەت قىلىپ، مۇسۇلمانلارنى رىغبەتلەندۈرۈپ جامائەت بولۇپ ئوقۇش دۇرۇس بولىدۇ، ئەمما رامىزاندىن باشقا ۋاقىتتا جامائەت بولۇپ ئوقۇش يولغا قويۇلمىغان، پەقەت كىشىلەر مەقسەتسىز توپلاشقان بولسا ياكى باشقىلارغا تەلىم بېرىش، رىغبەتلەندۈرۈش ئۈچۈن ئادەت قىلىۋالماستىن بەزى ۋاقىتلاردا ئوقۇسا دۇرۇس بولىدۇ.

شەيخ مۇھەممەد سالىھ ئەلئۇسەيمىين رەھىمەھۇللاھ مۇنداق دەيدۇ: "رامىزاندىن باشقا ۋاقىتتا جامائەت بولۇپ تەراۋىھ نامىزى ئوقۇش بىدئەتتۇر. ئەگەر كىشىلەر رامىزاندىن باشقا ۋاقىتتا كېچىلىك ناماز ئوقۇش ئۈچۈن مەسچىتكە توپلىشىپ جامائەت بولۇپ ناماز ئوقۇسا بىدئەت بولىدۇ.

ئىنسان رامىزاندىن باشقا ۋاقىتتا ئۆيدە جامائەت بولۇپ كېچىلىك ناماز ئوقۇسا دۇرۇس بولىدۇ، چۈنكى پەيغەمبەرئەلەيھىسسالاممۇ بىر قېتىم ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ، بىر قېتىم ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇيەنە بىر قېتىم ھۇزەيفە ئىبنى يەمانى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بىلەن جامائەت بولۇپ ئۆيدە كېچىلىك تەھەججۇد نامىزى ئوقۇغان، ئەمما ئادەت قىلىۋالمىغان ۋە مەسچىتتە ئوقۇمىغان". ["شەرھىل مۇمتىئ" 4-توم 60-61-بەت].

جاۋابىمىز: رامىزان ئېيى كېرىشتىن بۇرۇن تەراۋىھ نامىزى ئوقۇغان كىشى نامازنى ۋاقتى كېرىشتىن ئىلگىرى ئوقۇغان كىشىگە ئوخشايدۇ. ئۇ كىشى گۇناھ-مەسىيەتتىن ساقلانغان ھالەتتە ئوقۇغان بولسا ئۇنىڭغا ئەجىر-ساۋاپ يېزىلمايدۇ.

ئاللاھتائالا ھەممىدىن ياخشى بىلگۈچىدۇر.